# زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئاچايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردى. بۇ نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرى سۆزلەپ باقمىغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى بىزدىمۇ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىيەت ۋە تونۇش يوق ئىدى، ئۇ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى.

سۆزدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادى دولقۇنىدا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ پاراخوتنى ياخشى باشقۇرۇش ـ باشقۇرالماسلىق پارتىيىمىز ئۈچۈن مۇھىم، زور سىناق. ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئالدىدا، مۇرەككەپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي ھادىسىلەر ئالدىدا، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە مېتودولوگىيەسىنى ئۆگىنىش بىزنىڭ ئىقتىسادنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىنى تونۇپ، جەمئىيەت، ئىقتىساد تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دائىر نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ياخشى جاۋاب بېرىشىمىزگە پايدىلىق.

سۆزدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، بۇ، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ تۈپ مەيدانى، ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ھەممىسىدە بۇ تۈپ مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىر بولۇش تەرەققىيات ئىدىيەسى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدىكى نۇرغۇن قاراشلار بىلەن ئوخشاش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

سۆزدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مۈلۈكچىلىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يادروسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. قىلچە تەۋرەنمەي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قوللاپ، يېتەكلەپ، تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلىشى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ يېتەكچىلىك رولىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ كىرىم تەقسىماتىدا ساقلانغان بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزۈلمە مېخانىزم ۋە كونكرېت سىياسەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلق كىرىم تەقسىماتى ئەندىزىسىنى تەڭشەپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى ئۈزلۈكسىز كىچىكلىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىككىلا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

سۆزدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىرتقا ئېچىۋېتىش تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاشقا ماھىر بولۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئوچۇق ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، يەرشارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ باراۋەر، ئادىل بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 15 مىليون مو توغراقلىق ھاياتىي كۈچكە تولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

غول ئېقىنى ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىنى كۈتۈۋالدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، تارىم دەرياسى لىنىيەسىدە دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېكولوگىيەلىك چۈشۈرگىلەر مۇۋاپىق پەيتتە ئېچىۋېتىلىپ، 2020 ـ يىللىق توغراقلىق رايونغا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاش خىزمىتى باشلاندى.» تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى غول ئېقىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گۇاڭيەن مۇنداق دېدى: «ھازىر ئېكولوگىيەلىك سۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى بويلاپ ئورمان رايونىغا ئېقىپ كىرمەكتە ھەم تەبىئىي جىلغىلارنى توشقۇزماقتا».

دەل مۇشۇ پەيتتە، تارىم دەرياسى بويىدىكى ئارال، شايار، كۇچا، بۈگۈر، كورلا، لوپنۇر قاتارلىق ناھىيە (شەھەر)لەرگە تارقالغان دۆلەت دەرىجىلىك توغراقلىق مۇھاپىزەت رايونى ۋە نۇقتىلىق ئاممىۋى مەنپەئەت ئورمان رايونىدىكى ئورمان، ئوت ـ چۆپ، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر سۇغا قانماقتا. ھالبۇكى بۇ خىل «ياخشى كۈن»لەرنىڭ بولۇۋاتقىنىغا بەش يىل بولدى.

2016 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىقنى مەخسۇس قوغداش ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ، پۈتۈن ئېقىن رايونىدىكى نۇقتىلىق توغراقلىق رايونغا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بەردى. «يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، تارىم دەرياسىنى تۈزەشتە يېڭى سەھىپە ئېچىلدى» دېدى تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى توختى ئەخمەت.

سۇ تولۇقلاش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، خوتەن دەرياسى، قايدۇ ـ كۆنچى دەرياسى ھەمدە تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىققا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بەردى. بۇلتۇرغىچە، شىنجاڭ پۈتۈن ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىق رايونغا جەمئىي 8 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېقىن ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلىدى(قويۇپ بەردى). بۇ يىل 1 مىليارد 860 مىليون كۇب مېتىر سۇ تولۇقلاش(قويۇپ بېرىش)نى پىلانلىدى.

تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىن مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان يەكەن دەرياسىنىڭ ئېرىقتام كەسمە يۈزى تۆۋىنىدىكى 320 كىلومېتىرغا يېقىن دەريا يولى كۆپ يىل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بۇ رايوندىكى كەڭ كۆلەمدىكى توغراقلىق ھەم يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يوقىلىش گىرداۋىغا دۇچار بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئېكولوگىيەلىك سۇنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن، بۇ بوستانلىق قۇم بىلەن تىركىشىش داۋامىدا «كۈچلەندى». ھالبۇكى، ئاۋات ناھىيەسىدە، بىر مەھەل كىچىكلەپ كەتكەن ئەشمە كۆلمۇ ئىلگىرىكى گۈزەل ھالىتىگە قايتتى، 2017 ـ يىلى، ئىككى شىخۇ كۆلىنىڭ سۇ مىقدارىغا تەڭ كېلىدىغان ئېكولوگىيەلىك سۇ بۇ جايغا بىر قېتىمدىلا يەتكۈزۈلدى.

ئۇدا بىر نەچچە يىل ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىشتىن يېڭى تەبىئىي مەنزىرە ھاسىل بولدى. لوپنۇر ناھىيەسىگە 70 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە، سۇ يۈزى كۆلىمى 12 مىڭ مو كېلىدىغان لوپنۇر كۆلى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندى، ئەڭ چوڭقۇر يېرى يەتتە مېتىرغا يېتىدىغان كۆل سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بولۇق ئۆسكەنىدى. تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى لوپنۇر ناھىيەسى چارا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى ۋاڭ جيېن مۇنداق دېدى: «بۇ بىر قانچە يىلدا، باشقۇرۇش پونكىتىمىزدىن داشخەيزە سۇ ئامبىرىغىچە بولغان 100 نەچچە كىلومېتىر دائىرىدىلا چوڭ ـ كىچىك ئالتە ـ يەتتە ‹خەيزە› پەيدا بولدى».

سۇ بايلىقىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش، دەريا يولىنىڭ لاتقىسىنى چىقىرىش، ئېكولوگىيەلىك چۈشۈرگىلەرنى ئېچىش، جەمئىيەتنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش — ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان بۇ ھەرىكەتلەرگە ئەگىشىپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ توغراقلىق رايونغا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىپ، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 15 مىليون مو توغراقلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلاندى، بۇ توغراقلىق جۇڭگو توغراقلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكولوگىيەلىك توسۇقى ھېسابلىنىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال تەشكىللەپ، كۆكتات قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ تولۇق بولۇشى، باھاسىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)دىكى لىيۇشخۇ يېزىسى كۆكتات تېرىشنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىك بازىلىرىنىڭ بىرى. لىيۇشخۇ يېزىسى شىخخو كەنتى 4 ـ ئەترىتى ۋە سەنگۇڭلياڭ كەنتى 3 ـ ئەترىتىدە، يېزا ـ بازار كادىرلىرى ۋە بىر نەچچە دېھقاننىڭ كۆك لوبۇ، شوخلا يىغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۆھرەت زاكىر تېرىقچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، ھوسۇل يىغىش ھەم ئائىلە كىرىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كەڭ كەنت ئاھالىلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىش بىلەن بىللە، جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماي دېھقانچىلىق مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنى كۆكتات قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، كەڭ دېھقانلاردىن ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۆھرەت زاكىر كەنت ئاھالىلىرىگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماي، ھەرگىز تەلەي سىناش پسىخىكىسىدا بولماي، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، كۆكتات يىغىشنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تاپىلىدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر كۆكتاتتىن ھوسۇل ئالىدىغان پەسىل، شۇڭا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار كەڭ دېھقانلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى، كۆكتات بىلەن تەمىنلىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى؛ يېزا ـ بازار كادىرلىرى، كەنت ئاھالىلىرى ۋە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ھوسۇلىنى يىغىۋېلىش، ئوبوروت قىلىش، ساقلاش، توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشكە تەرتىپلىك تەشكىللەپ، كۆكتات قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت ئۇستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، بىرىنچى سەپكە كۆپرەك چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، بولۇپمۇ يۇقۇم مەزگىلىدە كۆكتات قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى تەمىناتىنىڭ تولۇق، يېشىل، بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۆپ تەرەپنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۇڭجيۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

# قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا «سۈرئەت تېزلەتتى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇش ھەم شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىشتىكى قاتناش ئىقتىدارى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا راۋان قاتناش ئالدىنقى شەرت.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتتى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا قاتناش باشلانغان تاشيول ئومۇمىي مۇساپىسى 194 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. بارلىق يېزا ـ بازار ۋە شارائىت ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرگە قاتناقلاشتۇرۇلغان يولنى تۇتاشتۇرۇش، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتناشنى 100%كە يەتكۈزۈش مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئەتراپتىكى سەككىز چېگراداش دۆلەتنىڭ بەشى بىلەن خەلقئارا يول ترانسپورت لىنىيەسىدىن 111ى ئېچىلىپ، مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. G7 بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، G3012 قەشقەر (يېڭىشەھەر) ـ قاغىلىق ـ قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. لەنجۇ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولى قاتارلىقلاردا قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. چاقىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئايرودرۇملار ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى خەلقئارا تاشيول ـ تۆمۈريول بىرلىشىپ توشۇش يولۇچىلار بېكىتى، ئۈرۈمچى ئايروپورتى يولۇچى توشۇش ئۇنىۋېرسال تۈگۈن بېكىتى قاتارلىق 12 يولۇچى ـ يۈك توشۇش تۈگۈنى تۈرى پۈتۈپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئارىسىدىكى، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىشتىكى، چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىشتىكى قاتناش تېخىمۇ قولايلاشتى. تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان قاتناش دۆلەت قاتناش تورىنىڭ «ئاخىرقى ئۇچى»دا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭنى تەدرىجىي ھالدا ئاسىيا ـ ياۋروپا قاتناش تۈگۈنى مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قاتناش تۈگۈنى مەركىزى بولۇپ شەكىللىنىشىگە تېز تۈرتكە بولدى.

### سۈرئەتكە ئەھمىيەت بېرىش يۇقىرى سۈپەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلاردا قاتناش قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى، قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار قۇرۇلۇش قەدىمىنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى كۆرۈنەرلىك تېزلەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، پىژغىرىم ئىسسىقتا لوپ ناھىيەسىدىكى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈر يولى S1 بەلگە تور قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، ئىشچىلار يول ئۇلىنىڭ ئىككى يېنىنى قۇم ـ شېغىل تىندۇرۇپ چىڭداۋاتاتتى.

«قولدىن كەتكەن ۋاقىتنى تولۇقلاپلا قالماي، ۋەزىپىنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتتە تاماملايمىز!» جۇڭگو تۆمۈريولى بېيجىڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى S1 بەلگە تورىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى سۇ چاۋۋېي مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە بۇ تور پۈتۈن گەۋدە بويىچە تارماق قۇرۇلۇشقا ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ.

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 820 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن بۆلىكى 400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. تور پۈتكەندىن كېيىن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە، چەرچەندىن ئىبارەت بەش ناھىيەگە پويىز قاتنىماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىدۇ، شۇ جايدىكى ئامما شىنجاڭدىن چىققاندا ئەمدى تۇرپان ياكى ئۈرۈمچىنى ئايلىنىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ، شىنجاڭدىن چىقىش مۇساپىسى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق قىسقىرايدۇ.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر ـ خوتەن(قەشقەردىن خوتەنگىچە) تۆمۈر يولى، گولمۇد ـ كورلا(چىڭخەي گولمۇدتىن شىنجاڭ كورلىغىچە) تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىپ، تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان تۆمۈر يولنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان تۆمۈريولىنى شەكىللەندۈرىدۇ، مەيلى شەرقتە ئىچكىرى رايونلارغا بېرىشتا بولسۇن ياكى غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بېرىشتا بولسۇن، شىنجاڭ تۆمۈريولى بىخەتەر، تېز يول بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشىدۇ.

### خاس مەھسۇلاتلارنى توشۇپ چىقىرىش ساياھەتچىلەر كېلىش

ئىلگىرى، يېڭى ئاق ئۆرۈك ئىچكىرى رايونلارغا توشۇلغاندا تەخمىنەن 15 كۈندە ئاندىن شەرقىي قىسىمدىكى رايونلارغا يېتىپ باراتتى، ھازىر ئاۋىياتسىيە سوغۇق زەنجىرى ئارقىلىق توشۇلغاچقا، كۇچا ئاق ئۆرۈكى 24 سائەت ئىچىدە ھاۋا يولى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 40 نەچچە شەھەرگە توشۇلىدۇ. پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى پىشقان شىنمىيېلار ئىچكىرى رايونلارغا ئەتىگىنى يولغا سېلىنىپ كەچتە يېتىپ بارىدۇ...

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئايرودرۇملارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، بوشلۇق ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى بارغانسېرى زىچ توقۇلدى، بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى ئۇچۇش لىنىيەسىدىن 230نى ئاچتى، شىنجاڭ ئىچىدىكى تارماق لىنىيە ئايرودرۇملىرى ئارىسىدا قاتنايدىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى 36گە يەتتى. بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كېرىيە ئايرودرۇمى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى لى يىگاڭ مۇنداق دېدى: بۇ ئايرودرۇمنىڭ لايىھەلەنگەن يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 180 مىڭ ئادەم قېتىم، يۈك پوچتا يوللانمىسى توشۇش مىقدارى 400 توننا بولۇپ، پۈتكەندىن كېيىن كېرىيە، چىرا، نىيە قاتارلىق جايلارنى ئاۋىياتسىيە ترانسپورت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شىنجاڭ تاۋارلىرىنىڭ «چىقىرىلىش» قەدىمىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشى «كىرىشكە باشلىدى». 2019 ـ يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى تارىخىي خاراكتېرلىك 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ساياھەتچى سانى ۋە ساياھەت كىرىمى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن بىردەك 40% ئاشتى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدا 14 تاشيول تۈرى پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ ياكى ئاساسىي گەۋدىسى تاماملىنىدۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىنىڭ 5500 كىلومېتىردىن ئېشىشى پىلانلاندى؛ گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يولى يىل ئىچىدە پۈتۈن لىنىيە بويىچە تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلىدۇ، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدىمۇ كېلەر يىلى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلىدۇ، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى پات ئارىدا شەكىللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى پۇختا قاتناش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.